# 68818 - خۇن كېسلى بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى

## سوئال

خۇن كېسلگە گىرىپتار بولغان قىز-خانىملار ھەيز بىلەن خۇن كېسلى بولغان مەزگىلنى قانداق ئايرىيدۇ ۋە نامازنى قانداق ئوقۇيدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بىرىلگەن بولسا.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

خۇن كېسلى بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرىنچى: خۇن كېسلى بولۇشتىن بۇرۇنقى ئايلىق ئادەت مەزگىلى بولۇپ، ھەر ئاينىڭ شۇ ۋاقتىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، ئۇ ئايال ئۇچۇن ھەيزنىڭ ھۆكۈملىرى بىرىلىدۇ. باشقا ۋاقىتلىرى خۇن كېسلى ھېسابلىنىپ ئۇ ئايال ئۇچۇن خۇن كېسلىنىڭ ھۆكۈملىرى بىرىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر ئايال ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئالتە كۈن ئادەت كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت خۇن كېسلگە گىرىپتار بولۇپ دائىم قان كېلىدۇ. ھەر ئاينىڭ بېشىدىكى ئالتە كۈن ئۇ ئايالنىڭ ھەيز ۋاقتى، قالغان كۈنلەر خۇن كېسلىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پاتىمە بىنتى ئەبىي ھۇبەيش: يا رەسۇلۇللاھ! مەن خۇن كېسلى بولۇپ قالدىم، دائىم قان كېلىدۇ، پەقەت پاك بولمايمەن، نامازنى ئوقۇمىساممۇ بولامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **«ياق، بۇ ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، سىز ھەر ئايدا ھەيز كۆرىدىغان مۇددەتتە ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيسىز»** دېگەن. [بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان]. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھەبىبگە: **«ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيسىز»** دېگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن خۇن كېسلى بولۇپ قالغان ئايال ھەر ئايدا ھەيز كۆرىدىغان كۈنلىرىنىڭ مىقدارىدا ناماز ئوقۇمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، قاننىڭ كۆپ كېلىشىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئىككىنچى: خۇن كېسلى بولۇشتىن بۇرۇن مەلۇم ئايلىق ئادەت كۈنى بولمايدۇ. تۇنجى قېتىم قان كەلگەندىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. بۇنداق ئاياللار ھەيز بىلەن خۇن كېسلىنىڭ قېنىنىڭ ئارىسىنى قاننىڭ رەڭگىنىڭ قارامتۇل، قويۇق ياكى پۇرىقىغا قاراپ ئايرىيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەيزنىڭ ھۆكۈملىرى بىرىلىدۇ، قالغانلىرىغا خۇن كېسلىنىڭ ھۆكمى بىرىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر ئايالدىن تۇنجى قېتىم قان كەلدى ۋە بۇ داۋاملاشتى، لېكىن 10 كۈن قاننىڭ رەڭگى قارامتۇل، 20 كۈن قاننىڭ رەڭگى قىزىل كېلىدۇ ياكى 10 كۈن قان قويۇق، 20 كۈن سۇيۇق

كېلىدۇ ياكى 10 كۈن قاننىڭ پۈرىقى ھەيزنىڭ قېنىدەك، 20 كۈن قاننىڭ پۈرىقى يوق كېلىدۇ. بىرىنچى مەسىلىدا قاننىڭ رەڭگى قارا بولغىنى ھەيز ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى مەسىلىدا قاننىڭ قويۇق بولغىنى ھەيز ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى مەسىلىدا قاننىڭ پۈرىقى بولغىنى ھەيز ھېسابلىنىدۇ. قالغانلىرى خۇن كېسىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ پاتىمە بىنتى ئەبىي ھۇبەيشكە: **«ھەيزنىڭ قېنى رەڭگىنىڭ قارامتۇللىقى بىلەن بىلىنىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا ناماز ئوقۇمايسىز، بۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇيسىز، بۇ ئاياللاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك»** دېگەن سۆزىدۇر. [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم سەھىھ دېگەن]. نۇرغۇن ئالىملار بۇ مەسىلىگە يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە ئەمەل قىلغان. ھۆكۈمدە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش كۆپىچىلىك ئاياللارنىڭ ئادىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغاندىن ياخشى.

ئۈچىنچى: بىر ئايالنىڭ ئايلىق ھەيز كۆرىدىغان مەلۇم ۋاقتى بولمايدۇ. قاننىڭ رەڭگىنىمۇ ئايرىغىلى بولمايدۇ. دەسلەپتە قان كەلگەندىن تارتىپ بىر خىل سۈپەتتە داۋاملىشىدۇ ياكى رەڭگى قالايمىقان كېلىدۇ. بۇ تۆردىكى ئايالنىڭ ھەيزدارلىق مۇددىتى كۆپىچىلىك ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈش مۇددىتى بويىچە ھەر ئايدا 6 كۈن ياكى 7 كۈن قىلىپ تەخمىن قىلىنىدۇ. دەسلەپتە قان كەلگەندىن باشلاپ مەزكۇر مۇددەتكىچە ھەيز ھېسابلىنىپ، قالغان ۋاقىتلىرى خۇن كېسىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: بىر خانىمدىن ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى تۇنجى قېتىم قان كېلىدۇ، قان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ، قاننىڭ رەڭگى ياكى باشقا سۈپەتلىرىدىن ھەيز ياكى خۇن كېسىلى ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ، بۇ خانىمنىڭ ھەيز ۋاقتى ھەر ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىدىن باشلاپ 6 كۈن ياكى 7 كۈن داۋاملىشىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى ھەمنەتە بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇئەنھانىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ: **«يا رەسۇلۇللاھ! مەن قاتتىق خۇن كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، بۇ كېسەل مېنى نامازدىن، روزىدىن چەكلەپ قويىدى، قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: مەن سىزگە تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پاختىنى ئىيتىپ بېرەي شۇنى ئىشلىتىڭ، دېگەندە، ئۇ: پاختا كار قىلمايدۇ، قان كۆپ كېلىدۇ دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇ شەيتاننىڭ بىر ئۇرۇشىدۇر. ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر ئايدا 6كۈن ياكى7كۈن ھەيز كۈنىڭىز بولسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ گەرچە قان كۆپ كەلسىمۇ پاكلىنىپ ھەر ئايدا 23 كۈن ياكى24 كۈن ناماز ئوقۇڭ ۋە روزا تۇتۇڭ»** دېگەن. [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ 6 كۈن ياكى 7 كۈن دېگەن سۆزى تاللاش ئەمەس بەلكى ئىجتىھاد بولۇپ، ئايال ياش جەھەتتە، شەكىل جەھەتتە، ئىرىقى جەھەتتە ئۆزىگە ئوخشايدىغانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى 6 كۈن ھەيز كۆرىدىغانلارنىڭكىگە ئوخشىسا ھەيز ۋاقتى 6 كۈن، 7 كۈن ھەيز كۆرىدىغانلارنىڭكىگە ئوخشىسا ھەيز ۋاقتىنى 7كۈن قىلىپ بېكىتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ: "قىز-خانىملاردىن كېلىدىغان قانلار توغرىسىدا" ناملىق رىسالىسىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھۆكۈم قىلىدىغان ۋاقىتتا قانغا قارايدۇ قان ھەيزنىڭ قىنى بولسا ھەيزنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ھەيزنىڭ ۋاقتى تۈگىدى دەپ ھۆكۈم بېرىلسە، ئۇ ئايال پاك بولغان بولىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ.